## 148143 ـ جەننەت ئەھلى جەننەتتە تۇرۇپ دوزاختىكى كىشىلەر بىلەن سۆزلىشەمدۇ؟

### سوئال

جەننەت ئەھلى جەننەتتە تۇرۇپ بىر_بىرى بىلەن، دوزاخ ئەھلىمۇ دوزاختا تۇرۇپ بىر_بىرى بىلەن سۆزلىشەلەيدۇ، دېگەن چۈشەنچىگە ئىگە ئىدىم. لېكىن مېنىڭ سوئالىم: جەننەت ئەھلى جەننەتتە تۇرۇپ دوزاخ ئەھلىدىن بولغان ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ياكى كاپىر دوستلىرى بىلەن سۆزلىشىشى مۇمكىن بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

جەننەت ئەھلى بىر_بىرى بىلەن سۆزلەشكەندەك، دوزاخ ئەھلىمۇ بىر_بىرى بىلەن سۆزلىشىدۇ، شۇنداقلا جەننەت ئەھلى جەننەتتە تۇرۇپ دوزاخ ئەھلى بىلەن، دوزاخ ئەھلى دوزاختا تۇرۇپ جەننەت ئەھلى بىلەن سۆزلىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق جەننەت ئەھلىنىڭ ئاللاھ ئۆزلىرىنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت كاتتا نېمىتىگە بولغان خۇرسەنلىكى زىيادە بولسا، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلى_رەھمىتىنى يوقىتىپ، ئازابقا دۇچار بولۇپ، دوزاخقا مەھكۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت_نادامىتى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَنَادَىٰٓ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِ أَصۡحَٰبَ ٱلنَّارِ أَن قَدۡ وَجَدۡنَا مَا وَعَدَنَا رَبُّنَا حَقّا فَهَلۡ وَجَدتُّم مَّا وَعَدَ رَبُّكُمۡ حَقّاۖ قَالُواْ نَعَمۡۚ فَأَذَّنَ مُؤَذِّنُۢ بَيۡنَهُمۡ أَن لَّعۡنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ

تەرجىمىسى: جەننەت ئەھلى جەھەننەم ئەھلىگە: بىز پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟ دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار: ھەئە_ دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر جاكارچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇنداق دەپ) جاكارلايدۇ: زالىملارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن سۈرە ئەئراپ 44–ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَنَادَىٰٓ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ أَصۡحَٰبَ ٱلۡجَنَّةِ أَنۡ أَفِيضُواْ عَلَيۡنَا مِنَ ٱلۡمَآءِ أَوۡ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُۚ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ حَرَّمَهُمَا عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ

تەرجىمىسى:«ئەھلى دوزاخ ئەھلى جەننەتكە: سۇدىن ياكى ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن ئىچىدىغان نەرسىلەردىن بىزگە بىر ئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار! دەپ توۋلايدۇ، ئەھلى جەننەت ئۇلارغا (جاۋابەن): ئاللاھ ئۇلارنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان، دەيدۇ. سۈرە ئەئراپ 50–ئايەت].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جەھەننەم ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى، جەننەت ئەھلىدىن بولغان قېرىندىشى ياكى

دادىسىنى چاقىرىپ، مەن ئوتتا كۆيۈپ پۇچۇلىنىپ كەتتىم، مىنىڭ ئۇستۇمگە ئازراق سۇ قۇيۇۋەتسەڭ دەيدۇ. ئۇنىڭغا جاۋاپ بىرىڭلار دىيىلىدۇ۔ دە، ئۇنىڭغا جاۋابەن: "ئاللاھ تائالا جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نىمەتلەرنى كاپىرلارغا هارام قىلغان"، دەيدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "دوزاخ ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى ئۆزىنىڭ جەننەت ئەھلىدىن بولغان قېرىندىشىنى چاقىرىپ: ئى قېرىندىشىم! ئوتتا كۆيۈپ پۇچۇلىنىپ كەتتىم، ماڭا ياردەم قىلساڭ دەيدۇ. ئۇ كىشى ئۇنىڭغا: "ئاللاھ تائالا جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نىمەتلەرنى كاپىرلارغا هارام قىلغان"، دەيدۇ. [تەپسىر تەبەري 12– توم 473– 474– بەتلەرگە قارالسۇن].

ئىمام قۇرتۇبىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئەئراپ ئەھلى (يەنى ياخشىلىقى بىلەن گۇناھلىرى باراۋەر كېلىپ قالغان كىشىلەر، جەننەت بىلەن دوزاخ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئېگىز بىر جايدا، ئاللاھ خالىغانغا قەدەر تۇرغۇزۇلىدۇ) جەننەتكە كىرگۈزۈلگەندە، دوزاختىكىلەرمۇ بۇنى تاما قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى پەرۋەردىگارىمىز! جەننەتتە بىزنىڭ يېقىنلىرىمىز بار ئىدى، رۇخسەت قىلغان بولسىلا بىزمۇ ئۇلارنى كۆرسەك ۋە ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىۋالغان بولساق دەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈز۔كۆزلىرى ۋە پۈتۈن بەدەنلىرى ئوتتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەچكە جەننەتتىكى يېقىنلىرى ئۇلارنى تونۇمايدۇ. ئەھلى دوزاخ جەننەت ئەھلىگە: ‹‹سۇدىن ياكى ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن ئىچىدىغان نەرسىلەردىن بىزگە بىر ئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار!›› دەپ توۋلايدۇ، ئەھلى جەننەت ئۇلارغا (جاۋابەن): ‹‹ئاللاھ ئۇلارنى كاپىرلارغا هارام قىلغان›› دەيدۇ. [جامىئى ئەھكامۇل قۇرئان 7– توم 215– بەت]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

فَأَقبَلَ بَعضُهُم عَلَىٰ بَعض يَتَسَآءَلُونَ ٥٠ قَالَ قَآئِل مِّنهُم إِنِّي كَانَ لِي قَرِين ٥١ يَقُولُ أَءِنَّكَ لَمِنَ ٱلمُصَدِّقِينَ ٥٢ أَءِذَا مِتنَا وَكُنَّا تُرَابا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَدِينُونَ ٥٣ قَالَ هَل أَنتُم مُّطَّلِعُونَ ٥٤ فَٱطَّلَعَ فَرَءَاهُ فِي سَوَآءِ ٱلجَحِيمِ ٥٥ قَالَ تَٱللَّهِ إِن كِدتَّ لَتُردِينِ ٥٦ وَلَولَا نِعمَةُ رَبِّي لَكُنتُ مِنَ ٱلمُحضَرِينَ ٥٧ أَفَمَا نَحنُ بِمَيِّتِينَ ٥٨ إِلَّا موتَتَنَا ٱلأُولَىٰ وَمَا نَحنُ بِمُعَذَّبِينَ ٥٩ إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ ٱلفَوزُ ٱلعَظِيمُ ٦٠ لِمِثلِ هَٰذَا فَليَعمَلِ ٱلعَٰمِلُونَ

تەرجىمىسى:« ئۇلار (يەنى ئەھلى جەننەت) بىر ۔ بىرىگە قارشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ، ئۇلاردىن بىرى ئېيتىدۇ: مىنىڭ بىر دوستۇم بولۇپ، ئۇ (ماڭا) 'سەن (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) ھەقىقەتەن ئىشىنەمسەن؟، بىز ئۆلۈپ تۇپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا بىز چوقۇم (قىلمىشلىرىمىزدىن) هېساب بېرەمدۇق؟، دەيتتى. ئۇ (بۇرادەرلىرىگە): سىلەر ئۇنى (يەنى دوستۇمنى) كۆرەمسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇ قاراپلا ئۇنى (يەنى كاپىر دوستىنى) دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرىدۇ. ئۇ (يەنى مۆمىن) ئېيتىدۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنى (ئازدۇرۇپ) هالاك قىلغىلى تاس قېلىپتىكەنسەن. ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ (مېنى ئىمانىمدا مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەت) مەرھەمىتى بولمىغان بولسا ئەلۋەتتە مەن (سەن بىلەن بىللە دوزاختا) هازىر قىلىنغانلاردىن بولاتتىم. تۇنجى ئۆلگىنىمىزدىن باشقا ئۆلمەمدۇق؟ ئازابقا دۇچار بولمامدۇق؟. بۇ (يەنى ئەھلى جەننەت ئېرىشكەن نىمەت) ھەقىقەتەن زور بەختتۇر. ئەمەل قىلغۇچىلار مۇشۇنداق زور بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىسۇن. [سۈرە ساپپات 50– ئايەتتىن 61–

ئايەتكىچە].

شەئبىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: جەننەت ئەھلى جەننەتتە تۇرۇپ دوزاختىكى كىشىلەرگە قارايدۇ ـ دە، ئۇلارغا: بىز سىلەر ئۆگەتكەن بويىچە ئەمەل قىلغان ئىدۇق؟، سىلەرگە نىمە بولدى، دوزاخقا چۈشۈپسىلەر؟، دەيدۇ. ئۇلار: بىز سىلەرگە ئۆگەتكەن بىلەن ئۆزىمىز ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايتتۇق دەيدۇ. [ئىمام ئەھمەد "ئەززۇھدى" ناملىق ئەسەرنىڭ369– بېتىدە،ئىبنى مۇبارەك " ئەززۇھدى" ناملىق ئەسەرنىڭ64– بېتىدە، ئەبۇ نەئىم "ئەلھىلىيە" ناملىق ئەسەرنىڭ 4– توم 312– بېتىدە سەھىھ دەپ بايان قىلىدۇ].

مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت ئەھلىگە قىلغان كاتتا نىمەتلىرىدۇر، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان پەزلى، رەھمىتى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، جەننەتكە كىرىش شەرىپى بىلەن تۈرلۈك نىمەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى، دوزاختىن ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك دەرتلىك ئازابلىرىدىن قۇتۇلغانلىقىنى بىلىدۇ.

كاپىرلارنىڭ دەرتلىك ئازابتا بولۇشى، جەننەت ئەھلىنى تۈرلۈك نىمەتلەر بىلەن راھەتلەنگەن ھالەتتە كۆرۈشى،ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى دەرد ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ھەسرەتنى زىيادە قىلىدۇ. بۇ كاپىرلارغا قىلىنىدىغان ئازابلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَقَالُواْ ٱلحَمدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي صَدَقَنَا وَعدَهُۥ وَأَورَثَنَا ٱلأَرضَ نَتَبَوَّأُ مِنَ ٱلجَنَّةِ حَيثُ نَشَآءُۖ فَنِعمَ أَجرُ ٱلعَٰمِلِينَ

تەرجىمىسى:جەننەت ئەھلى (جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلاشقان چاغدا) ئېيتىدۇ: جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، جەننەتنىڭ زېمىنىغا بىزنى ۋارىس قىلدى. جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەجرى (يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى! [سۈرە زۇمەر 74–ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَأَقبَلَ بَعضُهُم عَلَىٰ بَعض يَتَسَآءَلُونَ ٢٥ قَالُوٓاْ إِنَّا كُنَّا قَبلُ فِيٓ أَهلِنَا مُشفِقِينَ ٢٦ فَمَنَّ ٱللَّهُ عَلَينَا وَوَقَىٰنَا عَذَابَ ٱلسَّمُومِ

تەرجىمىسى:ئۇلار (يەنى ئەھلى جەننەت) بىر ـ بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: بىز ھەقىقەتەن (دۇنيادىكى چاغدا) ئائىلىمىزدە (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقاتتۇق. ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلدى، بىزنى زەھەرلىك ئازابتىن ساقلىدى [سۈرە تۇر 25–26–27– ئايەتلەر].

دوزاخ ئەھلىنىڭ نىمە دەيدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

فَقَالُواْ يَٰلَيتَنَا نُرَدُّ وَلَا نُكَذِّبَ بِأَيَٰتِ رَبِّنَا وَنَكُونَ مِنَ ٱلمُؤمِنِينَ

تەرجىمىسى:«ئۇلار: كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق دەيدۇ.[سۈرە ئەنئام 27–ئايەت].

ئىمام تەبەرىي ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇئەنهۇدىن رىۋايەت قىلغان تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:ئەھلى جەننەت، ئەھلى دوزاخقا: ‹‹بىز پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟›› دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار: ‹‹ھەئە››، خارلىق، پەسلىك ۋە دەرتلىك ئازابقا دۇچار بولدۇق دەيدۇ. جەننەت ئەھلى: بىز جەننەتتە تۆرلۈك نىمەت، ئىززەت_ھۆرمەتكە ئېرىشىش بىلەن پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتۇق دەيدۇ.[تەپسىرىي تەبەرىي 12- توم 446–بەت].

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى ئارىسىدا سېپىل بولۇپ، جەننەت ئەھلى ئۇچۇن ئىشىكلەر ئېچىلىدۇ، ئۇلار كارۋاتلىرىدا ئارام ئالغان ھالەتتە دوزاخ ئەھلىنىڭ قانداق ئازابلىنىۋاتقانلىقىغا قارايدۇ ۋە ئۇلارغا قاراپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ خۇرسەن بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ، كاپىرلاردىن ئىنتىقام ئالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشتۇر. [تەپسىرىي تەبەرىي 24–توم 304- بەت].

شۇنى بىلىۋېلىش كېرەككى! جەننەت ئەھلى ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى يېقىنلىرى ۋە دوست _بۇرادەرلىرىنىڭ دوزاختا ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ بىئارام بولمايدۇ. قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق ئالاقە ئۈزۈلىدۇ، پەقەت تەقۋادارلىق ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بولغان دوستلۇق قالىدۇ. (يەنى بۇ يەردە دۇنيالىقنى كۆزلىمەستىن، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولغان ئالاقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ_ مۇھەررىر). بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

ٱلۡأَخِلَّآءُ يَوۡمَئِذِۢ بَعۡضُهُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوٌّ إِلا ٱلۡمُتَّقِينَ

تەرجىمىسى:بۇ كۈندە دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا (ئۇنداق ئەمەستۇر). [سۈرە زۇخرۇپ 67- ئايەت].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى